# شىنجاڭدىكى ياش - ئۆسمۈرلەر ۋە دىنىي مەسىلە

نەبىجان مۇخامەتخان

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان، ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ مىللەتلىك رايون. شىنجاڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول. مەملىكىتىمىز بويىچە XXI ئەسىردە نۇقتىلىق ئېچىلىدىغان رايون. شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى قۇرۇلۇشىدا تايانچ كۈچ بولىدىغان شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە تەتقىقات تېمىسىدۇر. بۇ ماقالىدە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەرنىڭ ياش - ئۆسمۈرلىرى بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى، دىنىنىڭ ئۇلارغا بولغان تەسىرى ئۈستىدە توختىلىمەن.

## 1

دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەت ۋە رايونلا بولىدىكەن، بۇنداق دىنىي ئېتىقاد چوقۇم ياش - ئۆسمۈرلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنى تەتقىق قىلىش ياش - ئۆسمۈرلەر جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىپ ۋە تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەنمۇ ياش - ئۆسمۈرلەر جەمئىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن بۇ مەسىلىنى مۇلاھىزە قىلماقچىمەن.

ئومۇمىيلىقتىن ئېيتقاندا، شىنجاڭ كۆپ خىل دىنلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رايون. ئايرىملىقتىن ئېيتقاندا، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىي بىر قەدەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، خېلى كەڭ ئاممىۋى ئاساس ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي، تارىخىي مەنبەگە ئىگە. شىنجاڭدا ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، دۇڭشياڭ، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، سالا، باۋئەن قاتارلىق 10 مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇلارنىڭ نوپۇسى پۈتۈن ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ 58 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ مىللەتلەرنىڭ ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ دىن بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر باغلىنىشى بار. بۇ مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇللىرىدا، ياشاۋاتقان جايى، مۇھىتى ۋە جەمئىيەتتىن ئالغان تەسىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، دىنىي ئېتىقاد دەرىجىسى، دىنغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە دىنىي پائالىيەت شەكىللىرىمۇ ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ھەتتا بىر مىللەتنىڭمۇ ئولتۇراقلاشقان جايى، مۇھىتى، كەسپى ئوخشاش بولمىغاچقا، دىنىي پائالىيەتلىرىدىكى ئىپادىسى پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئوتتۇرا

ئەسىردىن تارتىپ يېقىنقى دەۋرلەرگىچە، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تۈزۈلۈش ئادەتلىرى ۋە تارىخىي، مەدەنىيەت قاراشلىرى ئاساسەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ھەرخىل بولسىمۇ، ئۇلار ھەممىسى دىن بىلەن باغلىنىدۇ. بۇ مىللەتلەردە مىللىي ھېسسىيات بىلەن دىنىي ھېسسىيات بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى قارىشى ئائىلىدىن ئىبارەت ئاساسىي جەمئىيەت ھۈجەيرىسى ئارقىلىق ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالغان ھەم كېڭەيگەن، شۇنداقلا ئۇرۇق، قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قاتارلىق قاتلاملار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېتىۋەرگەن. شۇنداق بولغانلىقتىن، بۇ مىللەتلەرنىڭ ياش - ئۆسمۈرلىرى مانا شۇنداق ئەنئەنىۋى جەمئىيەت تەسىرىدە ياشايدۇ. ئۇلارنى دىنىي ئېتىقاد، دىنىي ئەخلاق، دىنىي ئاڭ، دىنىي ھېسسىيات ۋە ئەگىلگەن يىللار داۋامىدا شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكىللىرى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالغانلىقتىن، ئۇلار ئىختىيارسىز ئەنە شۇنداق ئەنئەنىلەرنى قوبۇل قىلىپ ماڭىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى قائىدە - يوسۇن، بولۇپمۇ ئائىلە باشلىقلىرى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇلاردا ئاستا - ئاستا مەلۇم دىنىي ئاڭ پەيدا بولىدۇ، بۇ تەبىئىي ئەھۋال. شۇڭا بىز شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەر ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە دىن بىلەن باغلىنىشلىق دەپ ئېيتىمىز.

## 2

كىشىلەرنىڭ دىنىي ئىدىيىسى ئۇلارنىڭ ھەر خىل دىنىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بىز جەمئىيەت تەكشۈرۈش داۋامىدا ئېلىنغان سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىقمۇ شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەرنىڭ ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ دىننىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ئەھۋالىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنىۋالالايمىز. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى 1983 - يىلى قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزىلارغا بېرىپ، 18 ياشتىن يۇقىرى ئوغۇل - قىزلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كۆرگەندە، 586 ئادەم ئىچىدە 495 ئادەم دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىدىغان بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي كىشىنىڭ 92.61 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان، مەزكۇر ئىنستىتۇت يەنە شۇ يىلى قەشقەر يېزىلىرىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 100 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىدىن سوئال سوراپ كۆرگەندە، 88 ئوقۇغۇچى دۇنيادا خۇدا كۈچلۈك ياكى خۇدا بىلەن پەننىڭ كۈچى تەڭ دەپ

جاۋاب بەرگەن، 96 ئوقۇغۇچى جەننەت بىلەن دوزاق بار دېگەن. ئىلى رايونىدا توقۇز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان 232 نەپەر قازاق ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە، دۇنيادا خۇدا كۈچلۈك ياكى خۇدا بىلەن پەننىڭ كۈچى تەڭ دېگۈچىلەر 119 بولۇپ، تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ 51.13 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھ بولىدۇ دېگۈچىلەر 159 بولۇپ، تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ 68.93 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان①.

1987 - يىلىدىكى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، خوتەننىڭ قارىقاش ناھىيىسىدىكى يار بېشى، شاخىلىق ۋە ئېگىز ئېرىق قاتارلىق ئۈچ يېزىدىكى ئۈچ ئۈيـخۇر باشلانغۇچ مەكتىپىدە تەكشۈرۈلگەن 133 ئوقۇغۇچى ئىچىدە، قۇرئاننىڭ بەش پارىسىنى يادقا بىلىدىغانلىرى 31 بولۇپ، 23.31 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. 10 پارىسىنى يادقا بىلىدىغانلار 21 بولۇپ، تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ 15.29 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. بەختلىك تۇرمۇشنى خۇدا ئاتا قىلىدۇ دېگۈچىلەر 48 بولۇپ، 36.09 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان، بەختلىك تۇرمۇش ئەمگەكتىن كېلىدۇ دېگۈچىلەر 59 بولۇپ، 44.36 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان، بەختلىك تۇرمۇشنى خۇدامۇ ئاتا قىلىدۇ، ئەمگەكمۇ يارىتىدۇ دېگۈچىلەر 27 بولۇپ، 20.31 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. دۇنيادا پەن ئەڭ كۈچلۈك دېگۈچىلەر 52 بولۇپ، 39.10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. دۇنيادا خۇدا ئەڭ قۇدرەتلىك دېگۈچىلەر 79 بولۇپ، 59.41 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭ بولغاندا ئاخۇن بولۇشنى خالايدىغانلىرى 31 بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن ئەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ 41.23 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە قۇرئاننىڭ بەش پارىسىنى يادقا بىلىدىغانلىرى 31 بولۇپ، تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ 26.50 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. 10 پارىدىن ئارتۇق يادقا بىلىدىغانلار 47 بولۇپ، 40.17 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئادەمنى خۇدا ياراتقان دېگۈچىلەر 102 بولۇپ، 87.18 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھ بولىدۇ دېگۈچىلەر 78 بولۇپ، 27.30 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھ بولمايدۇ دېگۈچىلەر ئىككى بولۇپ، 1.71 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. بىلمەيدىغانلىرى 32 بولۇپ، 27.35 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان.

3

شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرى (ئاساسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياش - ئۆسمۈرلەر) نىڭ دىنىنىڭ تەسىرىگە مۇشۇنداق چوڭقۇر ئۇچراپ كېتىشى جەمئىيەتتىن، ئائىلىدىن بولغان.

ئىسلام دىنى — دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىننىڭ بىرى. ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقالغانلىقىغىمۇ مىڭ يىلغا يېقىنلىشىپ قالدى. ئازادلىقتىن كېيىن دىنىي تۈزۈم ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان زور ئىسلاھات ئارقىسىدا دىن ئەھۋالىدا تۈپ ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. لېكىن دىن ئالاھىدە بىر خىل ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسى سۈپىتىدە بىر قىسىم كىشىلەر ئىچىدە سوتسىيالىزم دەۋرىدىمۇ ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا پارتىيىمىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، دىنىي ئورگانلارنى قوغداش، دىنىي پائالىيەت ( مۇۋاپىق دائىرە ئىچىدە ) ئېلىپ بېرىشقا ئىجازەت بەردى.

پارتىيىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتىمۇ 1958 - يىلدىن كېيىن « سول » چىل ئىدىيىنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ 10 يىللىق « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا دىنىي زاتلارغا زەربە بېرىلدى، مەسچىتلەر ۋەيران قىلىندى ياكى پېچەتلەندى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دىنىي خىزمەتتىمۇ قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشىلىپ، سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بېسىمغا ئۇچراپ كەلگەن دىنىي ھېسسىياتى بىردىنلا پارتلاپ، دىنىي پائالىيەتكە قاتناشقۇچى ئاممىنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇلار ئۆزلىرى پۇل، ماتېرىيال توپلاپ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ياسىدى. شۇنىڭ بىلەن قويۇق دىنىي تۈس ئالغان ئىجتىمائىي كەيپىيات قايتىدىن شەكىللەندى. دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كۆپ قىسىم ئامما ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ دىنىي ئىدىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن ھالەتتىكى ۋە ئادەتتىكى دىنىي ئىدىيەدىنلا ئىبارەت ( مەسىلەن، ئادەتتىكى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ۋە ئادەتتىكى دىنىي ئادەتلەرگە رىئايە قىلىشقا ئوخشاش)، ئۇلار دىنىي تەلىماتلارنى پىششىق بىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىمۇ ئادەتتە ئېتىقادچىلاردا بۇرۇندىن بولۇپ كەلگەن دىنىي روھىي ھالەتتۇر (مەسىلەن، كىشى ھاياتلىقىدا ساۋابلىق ئىش قىلسا، ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ دېگەنگە ئوخشاش ). بىراق بۇنىڭدىن ئىپادىلىنىپ چىققان ھەر خىل قائىدە - يوسۇنلار، ئىسلاھقا چوقۇنۇش خاراكتېرىدىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەر ياش - ئۆسمۈرلەردە دىنىي ھېسسىيات قوزغىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى دىنىي زاتلار ئاچقان دىنىي مەكتەپلەر ۋە دىنىي تەلىم ئورۇنلىرىنىڭ دىنىي تەربىيىلىرى ئۇلارنىڭ روھىدا سىرلىق قاراشلارنى پەيدا قىلىپ قويغان.

شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان شەھەر، بازارلار، يېزا - كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە دىنىي زاتلار ئاچقان خۇسۇسىي دىنىي

مەكتەپ ياكى دىنىي تەلىم ئورۇنلىرى بار. 1984 - يىلىدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، غۇلجا شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونىدا 50 نەپەر، قورغاس ناھىيىسىدىكى 23 دىنىي تەلىم ئورنىدا 400 نەپەر ئۆسمۈر دىنىي تەلىم ئېلىۋېتىپتۇ. كۇنەس ناھىيىسىنىڭ ئارالتۆپە يېزىسىدىلا 130 نەپەر ئۆسمۈر قۇرئاننى ئۆگىنىۋېتىپتۇ. سوتسىيالىزم دەۋرىدە دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن دىنىنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەرگىنى يوق. ئۇنىڭ زەھەرلەش رولى يەنىلا مەۋجۇت.

دىن — ئىجتىمائىي تارىخىي كاتېگورىيە، «دىن ئادەمنى ياراتقان، ئەمەس، ئادەم دىننى ياراتقان.» دىنىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە يوقىلىش دەۋرى بولىدۇ. سوتسىيالىزم دەۋرىدە قەدەممۇ - قەدەم شەرت ھازىرلاپ، دىنىنىڭ تەسىرىنى تارايتىش كېرەككى، كېڭەيتىشكە بولمايدۇ.

دىن — ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدە ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن ئىنكاسى، ئىقتىسادىي بازىستىن يىراقتۇرىدىغان ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسى. ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئېلىپ ئېيتساق، دىن — ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىدىكى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن ئىنكاسى، بىر خىل بۇرمىلانغان دۇنيا قاراش. دىنىنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا، دۇنيا قاراش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دىن — بىر خىل ئىدېئالىستىك دۇنيا قاراش. ئۇ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولۇپ، پەن ھەقىقەتكە زىت يول تۇتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى زەھەرلەش رولىنى ئوينايدۇ. دىن پەقەت كىشىلەرگە «خىيالىي بەخت» ئاتا قىلىدۇ، ئۇ خەلقنى رېئاللىقتا يۈزلەندۈرۈشنى تەسىرى. كىشىلەرنىڭ بەختكە بولغان ئارزۇلىرىنى ئۇ دۇنياغا باغلاپ، كىشىلەرنى رېئاللىقتىكى بارلىق ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشكە، رېئاللىقتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارغا گۇمانسىي پوزىتسىيە تۇتۇشقا، ئەمما، ئاخىرەتتىكى ئىلاھ بىلەن جەننەتكە ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشىنىشكە ئۈندەيدۇ. ماركس مۇنداق دېگەنىدى: «دىندىكى كۈلپەت ھەم رېئال كۈلپەتنىڭ ئىپادىسى، ھەم بۇ رېئال كۈلپەتكە قارشىلىق ئىپادىسى. دىن خۇددى روھسىز تۈزۈمنىڭ روھى بولغىنىغا ئوخشاش، ئېزىلگەن [illegible] ... دۇنيانىڭ [illegible]. دىن — خەلقنىڭ ئەپيۇنى.» - دىنىنىڭ ئىجتىمائىيەتتىكى بۇ خىل رولىنىڭ رېئاللىقتا، بولۇپمۇ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئېڭىدا ئىپادىلىنىشى ئىنتايىن روشەن بولىدۇ، بۇنى تېگىشلىك دەرىجىدە تونۇش كېرەك.

ۋەتەننىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پەن - تېخنىكىغا تايىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئېچىلىشى ۋە قۇرۇلۇشى كەڭ ياش - ئۆسمۈرلەردىن ئىرىشىپ پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەن بىلەن دىن بىر - بىرىگە زىت نەرسە، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىيەتتە ئوينايدىغان رولىمۇ تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولىدۇ.

شىنجاڭدىكى ياش - ئۆسمۈرلەر كەلگۈسىدە ئىلىم - پەنگە ئىنتىلەمدۇ ياكى دىنغا ئېتىقاد باغلامدۇ، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە شىنجاڭنىڭ گۈللەپ ياشنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. پۈتكۈل جەمئىيەت ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، دۆلەت ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن دىنىي تەربىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىنى چەكلىشى لازىم. XIX ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاغلىق قازاق مائارىپچىسى ۋە سىياسىئونى ئاباي: «ھازىر ئىلىم - پەننى ئۆگىنىش يەنىلا كونا دىنىي مەكتەپلەردە يۈرگۈزۈلمىۋاتىدۇ. بۇنىڭ رېئاللىقتا قىلچىمۇ پايدىسى يوق »③ دېگەنىدى. ھازىرقى زامان تەربىيىسىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئاتېئىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى خۇدا كۈيلۈق قارىشىدىن ۋاز كېچىشكە، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراشنى تۇرغۇزۇشقا، رېئاللىقتا يۈزلىنىپ، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىرىشىپ ئۆگىنىشكە يېتەكلەش — شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە غەربىي شىمالنى ئېچىش ھەم ۋەتىنىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۆھپە قوشۇشتا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىزاھلار:

① خې خەنجى: «شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى»، «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 10 - قىسىم.

② «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى 2 - بەت.

③ ئاباي: « ئەقلىيە سۆزلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل، قازاقچە نەشرى، 144 - بەت.

خەنزۇچىدىن شاۋكەت ئىلاخۇن تەرجىمە قىلغان

لىنىك نىكاھ تۈزۈمى بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايدىغانلىقىنى، پەقەت سوتسىيالىزم
تۈزۈمىدىلا ئەرلەر بىلەن ئاياللار نىكاھ ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ،نىكاھئۆز ئىختىيار-
لىقىدا بولۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايدىغانلىقىنى، نىكاھ پۇل، مال، مەرتىۋى-
گە بېقىنماي، مۇھەببەتنى ئاساس قىلغاندىلا، ئاياللار ئاندىن قۇل قىلىنىش،
كەمسىتىلىش ئورنىدىن قۇتۇلالايدىغانلىقىنى تونۇتۇشتىن ئىبارەت. دۆلىتىمىزنىڭ
«نىكاھ قانۇنى» دا، ئەر - ئاياللىڭ باراۋەرلىكى، نىكاھ ئەركىنلىكى جەھەتتە مەخ-
سۇس بەلگىلىمەلەر چىقىرىلدى. بىز «نىكاھ قانۇنى» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەش-
ۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، «قالىن مال» نى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى يوقات-
قاندىلا، قازاق ئاياللىرىنى ئاندىن نىكاھ ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ھەقىقىي ئېرىشتۈ-
رەلەيمىز .

ئىزاھلار :

② «ئۇيسۇن تەتقىقاتى»، 32 - بەت.
③ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە، 21 - توم، 90 - بەت.
④ «قىسقىچە قازاق تارىخى»، دەسلەپكى نۇسخا.
⑤ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە، 21 - توم، 96 - بەت.
⑥ «قىسقىچە قازاق تارىخى»، دەسلەپكى نۇسخا.
⑦ «ئۇيسۇن تەتقىقاتى»، 30 - بەت.
⑧ «ئۇيسۇن تەتقىقاتى»، 35 - بەت.
⑨ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە، 21 - توم، 87 - بەت.
⑩ «قىسقىچە قازاق تارىخى»، دەسلەپكى نۇسخا.

خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: دىلارا خەمىت